### شى جىنپىڭ گەنسۇدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# ئىشەنچنى چىڭىتىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، خەلقنى بېيىتىپ گەنسۇنى گۈللەندۈرۈش يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

لەنجوۇ داشۆسى تارىخ - مەدەنىيەت شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى جېڭ بىڭلىننىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيلىكلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئالماشتۇرۇلۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى. بىز جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى شان - شەرىپىنى يارىتىشتا، تېخىمۇ كەڭ كۆڭۈللۈك كۆكسىمىز بىلەن، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇشىمىز، تېخىمۇ پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۇنيادىكى بارلىق مۇنەۋۋەر مەدەنىيلىك نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىشىمىز، ئۆرنەك قىلىشىمىز كېرەك. دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئەۋج ئالدۇرۇشتا، ھەم دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخىي يادىكارلىقلار ئۆز ئىچىگە ئالغان پەلسەپىۋى ئىدىيە، ئادىمىيەت روھى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر قېزىش ھەم ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت روھى، مەدەنىيەت قەلبىنى تېخىمۇ ئېچىپ، مەدەنىيەت ئىشەنچىسىنى ئۈزلۈكسىز چىڭىتىش كېرەك. دۆلەت مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا بولغان قوللاش ۋە يۆلەشنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىگە بولغان تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، لىنيە بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنى تولۇق نامايان قىلىش كېرەك. پەن تەتقىقات خىزمەتچىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاسراپ، ئىختىساسلىقلارنى رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پەن تەتقىقات خىزمەتچىلىرىنىڭ تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشى، ئۆگىنىپ بىلىمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، تەتقىقات - بىلىم ئاشۇرۇشى، ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى سۇپا ھازىرلاپ، پەن تەتقىقات قوشۇنىنىڭ كەسىپلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ جىيايۈگۈەنگە كېلىپ، گۈەنچېڭنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم سەددىچىن سېپىلىنى قوغداش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. جىيايۈگۈەن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى ۋە دۇنيا مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئون مىڭ چاقىرىملىق سەددىچىن سېپىلىنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى باشلىنىش نۇقتىسى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سەددىچىن سېپىلغا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ توختىماي ئالغا باسىدىغان كۈرەش قىلىش روھى ۋە ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىدىغان، ئېگىلمەس - سۇنماس ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك بەلگىسىگە ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ مۇھىم سىمۋولىغا ئايلانغان. سەددىچىن سېپىلنىڭ مەدەنىيەت قىممىتىنى قېزىش ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش - قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللىي روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك كۈچ توپلاش كېرەك.

جىيايۈگۈەندىن ئايرىلىپ، شى جىنپىڭ جاڭيې شەھىرىنىڭ گاۋتەي ناھىيەسىگە كېلىپ، جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى غەربىي يۈنىلىش ئارمىيەسى خاتىرە مۇنارى ۋە ئۇرۇشتا قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا ئېھتىرام بىلدۈردى، جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى غەربىي يۈنىلىش ئارمىيەسى خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى. 80 نەچچە يىل ئىلگىرى، غەربىي يۈنىلىش ئارمىيەسى خېشىدا ئايلىنىپ جەڭ قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان. خاتىرە سارىيى ئىچىدە، شى جىنپىڭ ئەينى يىللاردىكى جەڭ تارىخى ۋە تەسىرلىك ئىش ئىزلارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بەدەلىگە قۇرۇلغان. قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەستە قۇرۇلغانلىقىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەستە بەرپا قىلىنغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇش كېرەك. غەربىي يۈنىلىش ئارمىيەسىنىڭ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، قانلىق جەڭ قىلغان قەھرىمانلىق جاسارىتى، پارتىيە ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن قەھرىمانلارچە پىداكارلىق كۆرسىتىش روھى ئۇزۇن سەپەر روھى بىلەن تومۇرداش بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قىزىل گېنى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بىز پارتىيەنىڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، قىزىل ئارمىيەنىڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، غەربىي يۈنىلىش ئارمىيەسىنىڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، قىزىل گېنغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك.

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ جاڭيې شەھىرىنىڭ شەندەن ناھىيەسىگە كېلىپ، شەندەن پېيلى مەكتىپىدە تەكشۈرۈشتە بولدى. شەندەن پېيلى مەكتىپىنى ئۇلۇغ ئىنتېرناتسىيونالىزم جەڭچىسى، يېڭى زېلاندىيەلىك داڭلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتچى رېۋى ئاللېي 1942 - يىلى قۇرغان بولۇپ، كەسپىي مائارىپ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆمۈرلۈك مائارىپ قارىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، زور بىر تۈركۈم ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرگەن. شى جىنپىڭ مەكتەپ ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى، رېۋى ئاللېينىڭ كونا تۇرالغۇسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئارقىدىن ئەمەلىي مەشىق ئوقۇتۇش بىناسىغا كېلىپ، زامانىۋى ياساش تېخنىكىسى ئەمەلىي مەشىق ئۆيى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئائىلە جاھازىلىرى ئەمەلىي مەشىق ئۆيىگە كىرىپ، كەسپىي ماھارەت ئەمەلىي مەشىقنى كۆردى ھەم ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ئەمەلىي ئىقتىساد دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تىرىكى، ئەمەلىي ئىقتىسادنى كۈچەيتىش كۆپلىگەن ماھارەت تىپىدىكى ئىختىساسلىقلارغا موھتاج، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇشقا موھتاج، كەسپىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مەنزىلى چەكسىز، ئىستىقبالى پارلاق. شەندەن پېيلى مەكتىپى شانلىق تارىخقا ۋە ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھقا ئىگە بىر كەسپىي مەكتەپ. رېۋى ئاللېي ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان «قول - مېڭىنى تەڭ ئىشقا سېلىش، ئىجادىي تەھلىل قىلىش»تىن ئىبارەت مەكتەپ باشقۇرۇش ئاساسىي مەقسىتى بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ كەسپىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزدا يەنىلا ئۆرنەكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش قارىشىدا يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى دەۋردە غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ئەمەلىي قوللىنىش تىپىدىكى، ماھارەت تىپىدىكى ئىختىساسلىقلارنى تېخىمۇ كۆپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. ئۇ ساۋاقداشلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي قوللىنىدىغان ماھارەت ئىگىلەپ، تىرىشىپ دۆلەتكە يارامىلىق، دۆلەت ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلدى.

پېيلى مەكتىپىدىن ئايرىلىپ، شى جىنپىڭ جۇڭنۇڭفا شەندەن ئات فېرمىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 1 - فېرمىسىغا كېلىپ، فېرما تارىخى سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئات فېرمىسىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ۋە ئىسلاھات تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. 8 - ئايدىكى شەندەن ئات فېرمىسىدا، ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن بولۇپ، تۇلپارلار چېپىپ يۈرەتتى. شى جىنپىڭ ئوتلاققا كىرىپ، ئوتلاقنى ۋە يىلقىلارنىڭ بېقىلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، چىليەنشەن تېغىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئاسراش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: چىليەنشەن تېغىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ياخشى ئاسراش دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداش، گەنسۇ ۋە خېشى كارىدورىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. دۆلىتىمىز يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ تىرەكلىك رولى بارغانسېرى روشەنلەشتى. پەقەت يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرغاندىلا، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ بايلىققا ئايلىنالايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسرايدىغان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل كەسىپلەرنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، قىممەتلىك ئوتلاق بايلىقىنى ياخشى قوغداپ، چىليەنشەن تېغىنىڭ سۈيى سۈزۈك، تېغى يېشىل بولۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يايلاقتىكى ھەر مىللەت ئاممىغا مەڭگۈ بەخت يارىتىش كېرەك.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ ۋۇۋېي شەھىرىنىڭ گۇلاڭ ناھىيەسى خۇاڭخۇاتەن ئېكولوگىيەلىك كۆچمەنلەر رايونى فۇمىن يېڭى كەنتىگە بېرىپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. يەرلىكتىكىلەر گۇلاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوننىڭ «ئۆز ئادەملىرىنى باقالماسلىق» ئەمەلىيىتىگە قارىتا، ئېگىز، ئىچكىرى تاغلىق رايوندىكى نامرات ئاممىنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش ۋە چىليەنشەن تېغىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئاسراشتىن ئىبارەت قوش ئۈنۈملۈك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش يېڭى يولىدا ماڭدى، تاغلىق رايوندا ياشاۋاتقان 60 نەچچە مىڭ نامرات ئامما يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ، قوي، كالا باقمىچىلىقى ۋە كۆكتات تېرىقچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق پەيدىنپەي نامراتلىقتىن قۇتۇلماقتا. شى جىنپىڭ يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. كەنتنىڭ پارتىيە - ئاممىۋى مۇلازىمەت مەركىزى خەلققە قولايلىق يارىتىش زالىدا، شى جىنپىڭ خىزمەتچى خادىملاردىن تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ۋە كۆچۈرۈلگەندىن كېيىنكى خەلققە قولايلىق يارىتىش مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى سورىدى. ئارقىدىنلا ئۇ پىيادە يۈرۈپ يېقىن ئەتراپتىكى فۇمىن باشلانغۇچ مەكتىپىگە باردى، يازلىق تەتىلدە قىزىقىش كۇرسىغا قاتنىشىۋاتقان بالىلارنىڭ بەزىلىرى ئېلېكترونلۇق رويال چېلىشنى ئۆگىنىۋاتاتتى، بەزىلىرى تەنھەرىكەت چېنىقىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. شى جىنپىڭ مۇزىكا سىنىپىغا كىرىپ، ئۆتۈلۈۋاتقان مۇزىكا دەرسى ئوقۇتۇشنى ئەستايىدىل كۆردى. تەنھەرىكەت مەيدانىدا پۇتبول مەشىقى قىلىۋاتقان بالىلار شى جىنپىڭ بوۋىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇشاللىق بىلەن ئۇنى ئورىۋېلىشتى. شى جىنپىڭ ئۇلار بىلەن سەممىي پاراڭلىشىپ، ئۇلاردىن يازلىق تەتىلدىكى ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى، ئۇلارنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلىشكە رىغبەتلەندۈردى. مەكتەپتىن ئايرىلىدىغان چاغدا، شى جىنپىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن بالىلارنى بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى، بالىلار ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، بەختتىن چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى.

ئارقىدىنلا، شى جىنپىڭ كەنت يولىنى بويلاپ پىيادە يۈرۈپ كەنت قىياپىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. يېپيېڭى ئۆيلەر، ئازادە يوللار، رەتلىك، پاكىز ھويلا - ئارامدىن ئىناقلىق، خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى. كەنت ئاھالىسى لى يىڭچۈەن ئائىلىسى باش شۇجىنى ئۆيىگە كىرىپ مېھمان بولۇشقا قىزغىن تەكلىپ قىلدى. شى جىنپىڭ ھويلىغا كىرىپ، ئۆينىڭ ئىچى - سىرتىنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرۈپ، تۇرالغۇ ئۆيىنى ياخشىلاش ۋە سۇنى، ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. شى جىنپىڭ لى يىڭچۈەن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىم، كېسەل كۆرسىتىش، ئىجتىمائىي كاپالەت، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، بالىلارنى ئوقۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردە يەنە قانداق قىيىنچىلىقى بارلىقىنى تەپسىلىي سورىدى. لى يىڭچۈەن ھاياجان بىلەن باش شۇجىغا دوكلات قىلىپ: نەۋرىلىرىم ئىشىك ئالدىمىزدىلا ئوقۇيدۇ، ئائىلىمىز يەنە كەنتكە يېقىن بىر لاپاس پارنىك ۋە تۆت باقمىچىلىق ئىسسىق قوتىنى سېلىشقا تىزىملاتتۇق، كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ئۈمىدكە تولدى، دېدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدۇ، پۇقرالارنى بەختلىك قىلىش پارتىيەنىڭ ئىشى. نامرات يۇرتداشلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىرىنچى قەدەم، كېيىنكى قەدەمدە يۇرتداشلارنى نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى ۋە نامراتلارنى يۆلەش قوشۇنىنى بىر مەزگىل ساقلاپ قېلىپ، كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى زورايتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن چارە ئويلاپ، چىقىش يولى تېپىپ، باشقا جايغا كۆچۈرۈلگەن ئاممىنى تۇرۇپ قالالايدىغان، ئىشقا ئورۇنلىشالايدىغان، كىرىم قىلالايدىغان قىلىپ، تۇرمۇشنى بارغانسېرى ياخشىلاش كېرەك.

ئارقىدىنلا، شى جىنپىڭ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ بابۇشا ئورمانچىلىق مەيدانىغا باردى. ئورمانچىلىق مەيدانى خېشى كارىدورىنىڭ شەرقىي ئۇچىغا، تېڭگېلى قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ بېشىدا، بۇ يەر گىياھ ئۈنمەيدىغان، قۇم - بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان جاي بولۇپ، قۇم كەنتتىكى ئېتىزلارغا باستۇرۇپ كىرگەندى. ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى بىر قانچە ئەۋلاد كىشىلەر قۇملۇقتا يىلتىز تارتىپ، قۇمنى تىزگىنلەپ ئورمان بىنا قىلدى، قۇم ئادەمنى قىستاپ چېكىندۈرۈشتىن ئادەم قۇمنى چېكىندۈرۈپ، ئىلگىرىكى بىپايان ساپسېرىق قۇملۇق بۈگۈنكى كۈندە يېشىللىققا ئايلاندى. شى جىنپىڭ يىراققا نەزەر سېلىپ، ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى كۆزدىن كەچۈردى، ۋۇۋېي شەھىرىنىڭ قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ۋە بابۇشا ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى «ئالتە بوۋاي» ئۈچ ئەۋلاد كىشىنىڭ قۇمنى تىزگىنلەپ ئورمان بىنا قىلغان تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى ئاڭلىدى. ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى بىرنەچچە ئىشچى - خىزمەتچى «كاتەكچىلەپ ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈپ قۇمنى باستۇرۇش» مەشغۇلاتى قىلىۋاتاتتى، شى جىنپىڭ بېرىپ ئۇلاردىن مەشغۇلات قىلىش ئۇسۇلىنى سورىدى ھەم چۆنەك ئېچىش ساپىندىن بىرنى قولىغا ئېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەپ كەتتى. شى جىنپىڭ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: بابۇشا ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى «ئالتە بوۋاي»نىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىدىن ھەممە ئادەم ئاللىبۇرۇن خەۋەردار، يېڭى دەۋر تېخىمۇ كۆپ «ئالتە بوۋاي»غا ئوخشاش مۇشۇنداق ھازىرقى زاماننىڭ يۈگۈڭلىرىغا، دەۋر ئۈلگىلىرىگە موھتاج. «ئالتە بوۋاي»نىڭ قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەي، جۈرئەتلىك ھالدا قۇملۇقنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشتەك كۈرەش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كىشىلەرنى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىشقا، سىجىل كۈچ چىقىرىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ھەرقانداق ئىش كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىدىن ئايرىلالمايدۇ. پەقەت كومپارتىيە ئەزالىرى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا، ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالىسىلا، ئاممىنى يېتەكلەپ، ئۇيۇشتۇرۇپ، تەشكىللەپ يېڭى بىر زېمىن ئاچالايدۇ، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ لەنجوۇغا كېلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنى تۈزەش لەنجوۇ تۆمۈر يول پومپا پونكىتى تۈر نۇقتىسىغا بېرىپ، گەنسۇ ئۆلكىسى ۋە لەنجوۇ شەھىرىنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنى تۈزەش ۋە قوغداشنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. شى جىنپىڭ مەنزىرە كۆرۈش سۇپىسىغا چىقىپ، توسمىنى مۇستەھكەملەپ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشىغا ئېگىزدىن نەزەر سالدى، پىيادىلەر يولىنى بويلاپ مېڭىپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى ئېكولوگىيەسىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش ۋە مەنزىرە قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: خۇاڭخې دەرياسى، چاڭجياڭ دەرياسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئانا دەرياسى. ئانا دەريانى قوغداش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە ۋە مەڭگۈلۈك سىجىل تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك كەلگۈسى ئۇلۇغۋار پىلان. گەنسۇ خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ مۇھىم سۇ مەنبەسىنى ساقلاش رايونى ۋە تولۇقلاش رايونى بولۇپ، ئالدى بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سۇ - تۇپراقنى ساقلاش ۋە بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، لەنجوۇ خۇاڭخې دەرياسى سۈيىنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاش جەھەتتە ئالدى بىلەن كۈچىشى، ياخشى باشلامچى بولۇشى كېرەك. سەيلە قىلىۋاتقان ئامما باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ بەس - بەستە ئالدىغا كېلىشتى، باش شۇجى ئۇلار بىلەن سەممىي پاراڭلاشتى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شەھەر خەلقنىڭ، شەھەر قۇرۇلۇشىدا خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىش كېرەك. ئالتۇن لوڭقا، كۈمۈش لوڭقىمۇ ئاممىنىڭ ماختىشىغا يەتمەيدۇ، ئامما ياخشى دېسە ئاندىن ھەققىي ياخشى بولغان بولىدۇ.

ئارقىدىن شى جىنپىڭ تەرمىلەر نەشرىياتى گۇرۇھ چەكلىك شىركىتىگە باردى. «تەرمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە، شى جىنپىڭ خىزمەتچى خادىملار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ماقالە تاللاش، تەھرىرلەش، تەكشۈرۈش - كوررېكتورلۇق، بەت ياساش قاتارلىق خىزمەت تەرتىپلىرى ۋە تارقىتىش ئەھۋالىنى سورىدى. ئىجادىيەت مەركىزىدە، شى جىنپىڭ شىركەتنىڭ بازارنىڭ ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كىتابنى كۆپ ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، كىتاب ئوقۇش كەيپىياتىغا تولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ ئىدىيە مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خەلقنىڭ مەنىۋى كۈچىنى كۈچەيتكەندە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى تېخىمۇ بېيىتقىلى بولىدۇ. خەلقنى تېخىمۇ كۆپ ئېسىل مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئىنتايىن ياخشى ئىش. توغرا يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، ئاساسىي كەسىپنى چىڭ ساقلاش ئاساسىدا تىجارەتنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمدە قوش مول ھوسۇلنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ گەنسۇ ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ، گەنسۇنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، گەنسۇدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نىشان مەركىزىدىن چەتنەپ كەتمەسلىك، دىققەت نۇقتىسىنى چېچىۋەتمەسلىك، ئۆلچەمنى ئۆزگەرتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق»نى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىدا، «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ئۆتكەلگە نۇقتىلىق ھۇجۇم قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئىككى ئوبلاست، بىر ناھىيە» ۋە 18 ئۆلكە بېكىتكەن ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەسىلىلەرنى كەنتمۇكەنت، ئۆيمۇئۆي، ئادەممۇئادەم، تۈرمۇتۈر ھەل قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى نامراتلىق قورغىنىغا قەتئىي ھۇجۇم قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: دىققەتنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىپ، شەھەر، يېزىلارنى قاپلىغان، فۇنكسىيەسى مۇكەممەل، تىرىكى كۈچلۈك ئۇل ئەسلىھە سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، ئىسلاھاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئېچىۋېتىش يېڭى ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ساياھەت بايلىقىنى قوغداش ۋە ئېچىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىپ، ئېچىش بىلەن قوغداشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئېكولوگىيە كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىپ، دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىدا ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى بەرپا قىلىش كېرەك. خۇاڭخې دەرياسىنى تۈزەشتە مۇھىم بولغىنى قوغداش، زۆرۈر بولغىنى تۈزەش. تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، سىستېمىلىق تۈزەش، مەنبەدىن تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، چوڭ قوغداشنى ئورتاق ياخشى تۇتۇپ، چوڭ تۈزەشنى ماس ئىلگىرى سۈرۈپ، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، خۇاڭخې دەرياسىنى خەلققە بەخت يارىتىدىغان بەخت دەرياسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ئاممىۋى مۇلازىمەت تۈرلىرىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەكتەپتە ئوقۇش تەس بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش تەس بولۇش، يول يۈرۈش تەس بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا ۋە شەھەر، يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، زىددىيەت - ماجىرالارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ ئېنىقلاش، پەسەيتىش - تۈگىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: گەنسۇ بىر پارچە قىزىل تۇپراق، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرغان. گەنسۇ قىزىل بايلىقتىن پايدىلىنىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش»تىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىي تەلەپنى توغرا ئىگىلەشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەخسۇس تېمىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىپ، ئۆزىنى ئۆپېراتسىيە قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كەمچىلىكى، ئەيىبىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلىپ، دەرھال تەكشۈرۈپ دەرھال تۈزىتىش، بىلگەن ھامان تۈزىتىش كېرەك. رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئىستىلنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا ئۈزلۈكسىز چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنى قەتئىي يېڭىش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، خې لىفېڭ ۋە مەركەزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار تەكشۈرۈشتە ھەمراھ بولدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ياردارلارنى قۇتقۇزۇش، داۋالاش ۋە ۋەقەدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەيدۇ. ئىشىنىمەنكى ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، بۇ قېتىمقى ۋەقە چوقۇم ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، لائوس - جۇڭگونىڭ تەقدىرداش گەۋدىسى قۇرۇلۇشى چوقۇم ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىلىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، لائوس تەرەپ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، خەلق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى پائال قۇتقۇزۇشقا تېزدىن سەپەرۋەر قىلىپ، جۇڭگو - لائوس مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ھەمدە ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسىنى نامايان قىلدى. مەن جۇڭگونىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە لائوستا «تىنچلىق پويىزى —— 2019» بىرلەشمە مانېۋىرىغا قاتنىشىۋاتقان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى داۋالاش ئەترىتىنىڭ قۇتقۇزۇشقا قاتنىشىشى توغرىسىدا يوليورۇق بەردىم. ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردە داۋاملىق زىچ ماسلىشىپ، ياردارلارنى قۇتقۇزۇش، داۋالاش ۋە كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى مۇۋاپىق، ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جۇڭگو - لائوس ئىككى پارتىيەنىڭ ئورتاق ئاساسىي مەقسىتى. مەن سىز بىلەن بىرلىكتە، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋردە ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو - لائوسنىڭ تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى سىجىل قانات يايدۇرۇشنى خالايمەن.